## 4044 ـ كاپىر سوتچىغا ھۆكۈم قىلدۇرۇش ياكى بىلمىسىز بولسىمۇ دانا ئىمامغا ھۆكۈم قىلدۇرۇش

**سۇئال**

بىز غەرىپتە بىر شەھەردە تۇرىمىز ، بۇ يەردە بىز ھۆكۈم قىلدۇرىدىغانغا ياكى توقۇنۇشلارنى ھەل قىلىدىغانغا بىرە ئىسلامى سوت مەھكىمىسى ياكى ئىسلام مەركىزى تاپالمايمىز .بىزدە بىر ئىسلام دەۋەت مەركىزى بار ، لىكىن ئۇنىڭدا رەئىس ياكى توقۇنۇشلارنى ھەل قىلىپ بىرىدىغانغا بىرەسى يوق .بىر ئايالنىڭ كاپىر سوتچى(قازى) ئالدىدا بالىلىرىنى بېقىش ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىشكە قوشۇلۇشى ئىجرا قىلىنىش لازىم ھىساپلىنامدۇ ؟ كاپىر سوتچىنىڭ ئەگەر بالىلار ئاپىسىنىڭ قېشىدا بولسا دادا بالىلىرىنىڭ خىراجىتىنى قىلىدۇ دىگەن ھۆكۈمى ئىجرا قىلىنىشى لازىم ھىساپلىنامدۇ ؟

**تەپسىلى جاۋاپ**

مەدھىيە ئاللاھقا بولسۇن .

بىز بۇ سۇئالنى پېشىۋا مۇھەممەت بىن سالىھ ئۇسەيمىين (ئاللاھ ئۇكشىگە رەھىم قىلسۇن ) گە سۇنغانىدۇق ، ئۇ تۆۋەندىكىچە جاۋاپ بەردى :

بىرىنچى ـئاللاھ سىزنى بەختلىك قىلسۇن ـ ئەگەر دەۋەت مەركىزى بۇ مەسىلىلەرگە ھۆكۈم قىلىپ قويۇشقا قوشۇلسا ، بۇنىڭدا چاتاق يوق . بۇ ئۇلارنىڭ ئۈستىدىكى مەسئۇلىيەت ، چۈنكى بىز مەسىلىلەرنى مۇسۇلمانلارنىڭ ھۆكۈم قىلىپ قويۇشىغا سۇنىشىمىز كىرەك .

بىراق بېقىش ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىش مەسىلىسىگە كەلسەك ، ئەگەر ئانا بېقىش ھوقۇقىدىن ۋاز كەچسە ، بۇنىڭغا ھۆكۈم قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق ، ئەگەر ئۇ بۇنى ئىقرار قىلسا ، مۇشۇنىڭ ئۆزى يىتەرلىك بولۇپ ئىجرا قىلىنىدۇ .

بالىلارنىڭ خىراجىتىنى قىلىشقا كەلسەك ، ئەگەر ئۇلار ئانا بېقىش ھوقۇقىدىن ۋاز كەچكەندىن كىيىن دادىلىرىنىڭ قېشىغا بارسا ، ئۇ ئۇلارنىڭ خىراجىتىنى قىلىش كىرەك .

سۇئال :

ئەگەر كاپىر سوتچى بالىلار ئانىلىرىنىڭ قېشىدا تۇرغاندىمۇ دادا ئۇلارنىڭ خىراجىتىنى قىلىش كىرەك دەپ ھۆكۈم قىلسا ، بۇ ئىجرا قىلىنامدۇ ؟

جاۋاپ :

سوتچى دادا ئۇلارنىڭ خىراجىتىنى قىلىش كىرەك دەپ ھۆكۈم قىلمىغان تەقدىردىمۇ ، بۇ شەرىئەت بويىچە ئۇنىڭ مەسئۇلىيتى .

سۇئال :

مىقدارىچۇ ؟

جاۋاپ :

مىقدارى ئۇرۇف(يەرلىك ئادەت) تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ .

سۇئال :

شۇڭا ئەگەر كاپىر سوتچى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن مىقدار يەرلىك ئادەتكە ئاساسەن بولسا ، ئۇنى ئىجرا قىلىشى كىرەكمۇ؟

جاۋاپ :

ئۇنى ئىجرا قىلىشى كىرەك ، لىكىن ئۇ سوتچىنىڭ ھۆكۈمى بولماستىن بەلكى يەرلىك ئادەت .

سۇئال :

ئەگەر ئەر–خوتۇن ئىككەيلەن بىر مۇسۇلمانغا ھۆكۈم قىلدۇرۇشقا قوشۇلسا ، ئۇنىڭ ھۆكۈمى ئىجرا قىلىنامدۇ ؟ غەرىپتە ئىماملار دىيانەتسىز كىلىدۇ ، شۇڭا ئۇلار ئۇنىڭغا ھۆكۈم قىلدۇرسا بولامدۇ ؟

جاۋاپ :

ئەگەر ھۆكۈم قىلدۇرىدىغانغا باشقا ئادەم بولمىسا ، ئاندىن بولىدۇ . بىراق فىقھشۇناسلار ئۇنىڭ قازىلىق قىلىشقا مۇناسىپ بولۇشىنى يەنى، شەرىئەتتىن بىلىمگە ئىگە بولۇشىنى شەرت قىلغان . بىراق ئۇنىڭدىن باشقا بىرى بولمىسا ، ئۇلار كۈچىنىڭ يىتىشىچە ئاللاھتىن قورقسۇن .

سۇئال :

ئەگەر بۇ يەردە ھۆكۈم قىلىشنى بىلىدىغان پەقەت ئادەم بولمىسا ، بىراق بىر دانا مۇسۇلمان ئەر بولسىچۇ ؟

جاۋاپ :

ئەگەر ئۇلار ئۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ ئارىسىنى ئەپلەشتۈرۈپ قويۇش ئاساسىدا ھۆكۈم قىلىپ قويۇشىنى سورىسا ، بۇ بولىدۇ .

سۇئال :

بىراق بىز بۇ پەقەت ئەپلەشتۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن دىسەك ، ئۇنىڭ سۆزى ئىجرا قىلىنىشى لازىم ئەمەس ، شۇنداقمۇ ؟

جاۋاپ :

ياق ، لىكىن ئۇ ھۆكۈم چىقارسا ھەمدە ئۇلار ئۇنىڭغا قوشۇلسا ، ئۇنداقتا ئۇ ئىجرا قىلىنىشى كىرەك . ئىككى تەرەپ قوشۇلغان ھەرقانداق ئەپلەشتۈرۈش ئىجرا قىلىنىدۇ ، چۈنكى ھەدىستە : ياراشتۇرۇش مۇسۇلمانلارنىڭ ئارىسىدا دۇرۇستۇر دىيىلگەن .

ھەمدە ئاللاھ ياخشى بىلىدۇ .